# 20954 ـ كۆز تېگىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ يوللىرى ۋە ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

كۆز تېگىش دېگەن نېمە؟ مەن بۇ تور بەتتە بۇ سۆزنى كۆپ ئوقۇدۇم چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئىلتىجا قىلىمەن؟.

### ئىخچام جاۋاپ

كۆز تېگىش ھەقىقەتتۇر، بۇ شەرئى دەلىل بىلەن ۋە ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلانغان، بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش: ئاللاھ تائالاغا تايىنىش، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش، ئەتتىگەنلىك ـ كەچلىك زىكرلەرنى لازىم تۇتۇش، شەرئىەتتە كۆرسىتىلگەن پاناھلىق تىلەش دۇئالىرىنى ئوقۇش بىلەن بولىدۇ، كۆز تېگىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش رۇقىيە ئوقۇش، كۆزى يامان ئادەمنى يۇيۇندۇرۇپ ئۇ سۇنى كۆز تەككەن ئادەمنىڭ ئۈستىگە قۇيۇش بىلەن بولىدۇ، بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكى جاۋاپتا بايان قىلىنىدۇ.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

## كۆز تېگىشنىڭ ھەقىقىتى، ئۇنىڭ تەسىرى.

تۆۋەندە كۆز تېگىشكە ئالاقىدار بولغان پەتىۋا ۋە بەزى مەسىلىلەرنى بايان قىلىمىز، ئاللاھ تائالادىن ئۇنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشنى سورايمىز.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن: كۆز تېگىشنىڭ ھەقىقىتى قانداق؟ ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان ۋاقتىدىكى يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە ھەدىسنىڭ مەنىسى: «قەبرىگە كىرگەنلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى كۆز تېگىش سەۋەبىدىن بولغان»؟، ئىنسان بىر كىشىنىڭ ھەسەت قىلغانلىقىدا شەكلىنىپ قالسا، مۇسۇلمانغا نېمە قىلىش ۋە نېمە دېيىش كېرەك بولىدۇ؟، كۆزى يامان كىشىنىڭ يۇيۇنغان سۈيىنى ئېلىپ كۆز تەككەن كىشىگە شىپالىق قىلماقچى بولساق، ئۇ ئادەم سۇنى ئېچەمدۇ ياكى يۇيۇنامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: كۆز دېگەن ئەسلىدە بىر كىشىگە كۆزى ئارقىلىق زىيان

يەتكۈزگەنگە ئىشلىتىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەسلى: كۆزى يامان كىشىنىڭ بىر نەرسىدىن ئەجەپلىنىپ، ئۇنىڭغا پەسكەش نەپسىنى ئەگەشتۈرىشىدىندۇر، ئاندىن ئەجەپلەنگەن نەرسىگە قاراشقا كۆز زەھرىنى يەرگۈزىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ھەسەتخوردىن پاناھلىق تىلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ تەرجىمىسى: «ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان ۋاقتىدىكى يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن، ھەر قانداق كۆزى يامان ئادەم ھەسەتخور بولىدۇ، ھەر قانداق ھەسەتخورنىڭ كۆزى يامان بولمايدۇ، ھەسەت قىلغۇچى كۆزى يامانلىقىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن پاناھلىق تىلەشتىن ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلىشىدىن پاناھلىق تىلەش ئومۇمراق بولىدۇ. بۇ ھەسەتخور ۋە كۆزى يامانىنىڭ ئىچىدىن ھەسەت قىلىنغۇچى ۋە كۆزى تېگىدىغان كىشىنىڭ تەرىپىگە چىققان بىر ئوق بولۇپ، بۇ ئوق بەزى ۋاقىتتا تېگىدۇ، بەزى ۋاقىتتا خاتا كېتىپ تەگمەيدۇ، ئەگەر ئوق ئۇنىڭدىن ساقلىنىش بولمىغان ئوچۇق ھالەتتە تەگسە ئۇنىڭدا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلغان ۋە تولۇق قورال‌لانغان ھالىتىگە تەگسە ئۇنىڭغا كىرمەيدۇ، تەسىرمۇ كۆرسىتەلمەيدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئوق ئۆز ساھىبىغا قايتىدۇ". ["زادىل مىئادتىن ئېلىندى"].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن كۆز تېگىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھەدىسلەر بايان قىلىندى، ئۇ ھەدىسلەردىن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنى كۆز تېگىشتىن رۇقيە ئوقۇشقا بۇيرۇتتى» [بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى قاتارلىقلار بايان قىلغان تىرمىزى سەھىھ دېگەن. ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۆز تېگىش ھەقتۇر، ئەگەر تەقدىرگە بىر نەرسە ئىلگىرى بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش ئىلگىرى بولاتتى، يۇيۇنۇش تەلەپ قىلىنسا يۇيۇنۇپ بېرىڭلار». [شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ " سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى" دا 1251- كەلتۈرگەن].

ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇئەنھا: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! جەپەرنىڭ بالىلىرىغا كۆز تېگىپتۇ، ئۇلارغا رۇقيە ئوقۇيمىزمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، ئەگەر تەقدىرگە بىر نەرسە ئىلگىرى بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش ئىلگىرى بولاتتى» دېگەن. [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى. تىرمىزى 2059 ـ ھەدىستە سەھىھ دەپ رىۋايەت قىلغان. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «كۆزى يامان ئادەم تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلاتتى ئاندىن ئۇ سۇ بىلەن كۆز تەككەن كىشى يۇيۇناتتى» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ"ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا" كەلتۈرگەن].

سەھىل ئىبنى ھەنىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چىقىپ ئۇ كىشى بىلەن مەككە تەرەپكە مېڭىپ جۆھپەنىڭ خەرار جىلغىسىغا كەلدى، سەھىل ئىبنى ھەنىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇيۇنغان ئىدى، بۇ كىشىنىڭ رەڭگى ئاق، كېلىشكەن ئادەم ئىدى، ئۇ يۇيىنىۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئەدى ئىبنى كەئەبنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان ئامىر ئىبنى رەبىئە قارىدى ۋە: مەن بۈگۈنگىچە بۇنداق تېرىسى گۈزەل بىرنى كۆرمەپتىكەنمەن دېدى، شۇئاندا سەھىل يىقىلدى، ئۇلار

سەھەلنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سەھلگە شىپالىق تەلەپ قىلسىلا، بېشىنى كۆتۈرمەيۋاتىدۇ دېيىشتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىشتا بىرەرسىدىن گۇمان قىلامسىلەر؟» دېدى، ئۇلار: سەھىل يۇيىنىۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئامىر ئىبنى رەبىئە قارىغان ئىدى دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئامىرنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ قاتتىق سۆز قىلىپ: «نېمە ئۈچۈن بىرىڭلار ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرىدۇ؟ ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىدىغان، ھەيران قالىدىغان بىر ئىشنى كۆرسە بەرىكەت تىلىسە بولمامدۇ؟» دەپ، ئاندىن ئامىرغا: ئۇنىڭ ئۈچۈن يۇيۇنغىن دېدى، ئامىر يۈزىنى، ئىككى قولىنى، ئىككى جەينىكىنى، ئىككى تىزىنى، ئىككى پۇتىنىڭ ئەتراپىنى يۇدى، ئاستى كىيىمىنى بىر قاچىغا سالدى، ئاندىن ئۇنىڭغا تاھارەت ئالغان سۇنى توكتى، قاچىغا قۇيغان سۇ بىلەن كەينى تەرەپتىن  سەھلىنىڭ بېشىنى ۋە دۈمبىسىنى يۇدى ۋە ئاشقان سۇنى بەدىنىگە تۆكتى، شۇنىڭ بىلەن سەھىل ئورنىدىن تۇرۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىشىلەر بىلەن بىرگە يۈرۈپ كەتتى». [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 15550-ھەدىس. ئىمام مالىك رىۋايىتى1811-ھەدىس. نىسائى ۋە ئىبنى ھىببان كەلتۈرگەن. شەيخ ئەلبانى “مىشكاتىل مەسابىھ” تا سەھىھ دەپ 4562-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

كۆپچىلىك ئالىملار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋە باشقا ھەدىسلەر بىلەن كۆز تېگىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بۇ ئەمەلىي ۋاقىئەنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمما سىز زىكىر قىلغان ھەدىس: «قەبرىگە كىرگەنلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى كۆز تېگىش سەۋەبىدىن بولغان» بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، لېكىن “نەيلۇل ئەۋتار”نىڭ ساھىبى زىكىر قىلغان، بەززار ھەسەن ئىسناد بىلەن جابىر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلغان ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ قازا ۋە قەدەردىن كېيىن ئۈممىتىمدىن ئەڭ كۆپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلار كۆز تېگىش بىلەن بولىدۇ».

مۇسۇلمان كىشىگە ئۆزىنى جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ قوغلاندىلىرىدىن بولغان شەيتانلارنىڭ شەررىدىن ئاللاھ تائالاغا بولغان كۈچلۈك ئىمان، ئاللاھقا تايىنىش، تەۋەككۇل قىلىش، ئىلتىجا قىلىش، يالۋۇرۇش، ھەدىستە بايان قىلىنغان پاناھلىق دۇئالىرى بىلەن پاناھلىنىش، پەلەق، ناس، ئىخلاس ۋە پاتىھە سۈرىلىرى، ئايەتەل كۇرسى، پاناھلىق دۇئاسى «ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىسى بىلەن ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»، «ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىسى بىلەن ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، ئازابىدىن، بەندىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، ھازىر بولغان شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھلىق تىلەيمەن،» دېگەن دۇئالار.

ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتى: حَسْبِيَ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ تەرجىمىسى: «سەن: ئاللاھ ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر دېگىن». ئۇنىڭدىن باشقا شەرئى دۇئالارنى كۆپ ئوقۇش بىلەن ساقلىنىش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ بىرىنچى جاۋاپىتا زىكىر قىلغان سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

ئىنسان ئۆزىگە كۆز تەككەننى بىلسە ياكى بىرەرسىنىڭ كۆزى

تەككەنلىكىدىن شەك قىلسا، كۆزى يامان كىشى قېرىنىدىشى ئۈچۈن يۇيۇنۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ سۇ تولدۇرۇلغان بىر داس كەلتۈرىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالقىنىنى كىرگۈزۈپ سۇ ئېلىپ ئېغىزىنى چايقاپ، ئاندىن ئۇنى قاچىغا سىلكىيدۇ، يۈزىنى قاچىغا يۇيىدۇ، ئاندىن سول قولىنى كىرگۈزۈپ ئوڭ تىزىغا قاچىغا قىلىپ سۇ قويىدۇ، ئاندىن ئوڭ قولىنى كىرگۈزۈپ سول تىزىغا سۇ قويىدۇ، ئاندىن ئاستى كىيىمىنى يۇيۇپ ئۇنىڭ سۈيىنى كۆز تەككەن كىشىنىڭ كەينى تەرىپىدىن بېشىغا بىر قېتىم قۇيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن شىپا تاپىدۇ". ["سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى پەتىۋاسى" 1-توم 186-بەت. ]

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: ئىنسانغا كۆز تېگەمدۇ؟، بۇنىڭ ئىلاجى قانداق؟، بۇنىڭدىن ساقلىنىش تەۋەككۇلغا زىت كېلەمدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "بىزنىڭ قارىشىمىزدا كۆز تېگىش ھەق بولۇپ ئۇ شەرىئەت بىلەن ۋە ئەمەلىي ۋاقىئە بىلەن ئىسپاتلانغان. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: وَإِنْ يَكَادُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَيُزْلِقُونَكَ بِأَبْصَارِهِمْ تەرجىمىسى: «كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان)كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ.» [سۈرە قەلەم 51-ئايەت].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلار بۇ ئايەت تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار ساڭا قەست قىلىشقا كۆزلىرىدىن ياردەم ئالىدۇ". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۆز تېگىش ھەقتۇر، ئەگەر تەقدىرگە بىر نەرسە ئېلگىرى بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش ئېلگىرى بولاتتى، يۇيۇنۇش تەلەپ قىلىنسا يۇيۇنۇپ بېرىڭلار» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئۇنىڭدىن باشقا نىسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىق بايان قىلغان سەھىل ئىبنى ھەنىپنىڭ يۇيىنىۋاتقاندا كۆز تەككەن ھەدىسى بار، ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

# كۆز تېگىشنىڭ ئىلاجى:

كۆز تەككەن ۋاقتىدا شەرئى ئىلاجلار قىلىنىدۇ ئۇ:

رۇقيە دۇئاسى ئوقۇش : پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رۇقيە دۇئاسى پەقەت كۆز تەككەن ۋە قىزىتمىغا ئوقۇلىدۇ» [تىرمىزى رىۋايىتى 2057-ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى3884-ھەدىس].

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا رۇقيە ئوقۇپ مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن، ھەر نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ كۆزىدىن ساڭا رۇقيە ئوقۇيمەن، ساڭا ئاللاھ شىپالىق بەرسۇن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ساڭا رۇقيە ئوقۇيمەن».

يۈيۈنۇشنى تەلەپ قىلىش: ئىلگىرىكى ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئامىر ئىبنى رەبىئەنى يۈيۈنۇشقا بۇيرىغاندەك، يۈيۈنغان سۇنى كۆز تەككەن كىشىنىڭ ئۇستىگە تۆكىدۇ.

كۆزى يامان كىشىنىڭ چوڭ-كىچىك تەرىتىدىن ئېلىش دېگەن سۆزنىڭ ئاساسى يوق، ئۇنىڭ ئىزىدىن بىر نەرسە ئېلىشىنىڭمۇ ئەسلى يوق، يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، كۆزى يامان كىشىنىڭ ئەزالىرىنى يۈيۈپ، ئاستى كىيىمىنى ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئوخشاش دوپپىسى، غۇترىسى ۋە كۆينىكىنىڭ ئىچىنى يۈيۈش قاتارلىقلارنى قىلسا بولىدۇ.

توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## كۆز تېگىشتىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟.

دەسلەپتە كۆز تېگىشتىن ساقلانسا بولىدۇ، بۇ تەۋەككۇل قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ تەۋەككۇل قىلىشتۇر، چۈنكى تەۋەككۇل دېگەن دۇرۇس بولغان سەۋەبلەرنى ياكى بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا تايىنىشتۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ ھەسەن بىلەن ھۈسەينگە پاناھلىق تىلەش دۇئاسىنى ئوقۇپ مۇنداق دەيتتى:«ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىسى بىلەن بارلىق شەيتانلاردىن، چەرەندە-پەرەندىلەردىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن» [تىرمىزى رىۋايىتى 2060 ـ ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى4737-ھەدىس].

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن مۇشۇنداق دۇئا قىلاتتى» [بۇخارى رىۋايىتى3371 ـ ھەدىس. "شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالىرى" 2-توم 117-118-بەت].

بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئىلىش ئۈچۈن 130786- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.